# يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 ـ سەييارە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى سەييارە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشتا قايتما ئىنكاس قىلغان تەكلىپ ـ پىكىرلەر يەتكۈزۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تۈردە سەييارە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچى پىكرىگە ئاساسەن، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم، تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىستىل ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسىي يۇكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا قەتئىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك. سۇبيېكتىپلىق مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى، بولۇپمۇ «بىرىنچى قول رەھبەر»نىڭ مەسئۇلىيىتىنى دەرىجىمۇدەرىجە چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەتنى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نۇقتىلىق تەدبىرلەرنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېمىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەسلىك، سالماقنى ئاجىزلاشتۇرماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي سۈلەتۋازلىق قىلماي، يۈزەكى ئىش قىلماي، يېڭىلىق يارىتىشقا قارىغۇلارچە ئىنتىلىش، شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك پائالىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. مېخانىزم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قارىتا نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك بويىچە، «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇپ، نەتىجە ـ تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. خىزمەت سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىشلاردا ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا 4 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون بويىچە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار» ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى»نى تەقدىرلەشكە ئالاقىدار خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى، قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

# ئاممىنىڭ جىددىي، قىيىن، غەم قىلىۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە چېتىشلىق ئورۇنلار ۋە خادىملارنىڭ دائىرىسى كەڭ، تۈرى كۆپ، سانى زور. قاراماي شەھىرى ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا قارىتا قاراتمىلىق يېتەكلەش ئېلىپ بېرىپ، ئۆگىنىش بىلەن تولۇق قاپلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى. «پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەش»نى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تۈركۈمگە بۆلۈپ 1526 ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىغا قارىتا مەركەزلىك تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرىنىڭ باش تېما تەربىيەسىدىكى يېتەكلەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە باش تېما تەربىيەسى ئۆگىنىش ئىستونىنى باشلامچىلىق بىلەن تەسىس قىلىپ، مەزمۇنى مول، تەسىرلىك باش تېما تەربىيەسى ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ھەرىكىتى قولايسىز پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆيىدىن چىقمايلا رادىيو ـ تېلېۋىزوردىن پايدىلىنىپ باش تېما تەربىيەسىگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەر دۈشەنبە كۈنىدىكى دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىدىن پايدىلىنىپ، باش تېما تەربىيەسىدىكى يېڭى تەدبىر، يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ لېكسىيە سۆزلەپ، ئاممىنىڭ بىلىش دەرىجىسىنى كېڭەيتتى.

جەرەنبۇلاق رايونى(قاراماي يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا رايونى) پۇقرا تەشۋىقاتچىلار قاتارلىق كۈچلەرگە تايىنىپ ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا مۇلازىمەت قىلىپ، كۈندىلىك ئائىلە زىيارىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خەتمۇخەت، جۈملىمۇجۈملە ئوقۇش، ئاۋازلىق كىتاب قويۇپ بېرىش، چوڭ كانايدا ئاڭلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق لېكسىيە سۆزلىدى. 43 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە لى فۇرۇي بوۋاي ھەر كۈنى تېلېۋىزور كۆرۈپ مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىگىلىدى. بوۋاي مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى كۈندە، تېلېۋىزورنى ئېچىپ، ‹پارتىيە ئەزالىرى تەربىيەسى› سەھىپىسىگە كىرسەملا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق تەربىيەلەش ماتېرىياللىرىغا ئېرىشەلەيمەن، ئۆيدىن چىقمايلا ئۆگىنىش قىلالايمەن، بەك قولايلىق».

مايتاغ رايونى جىنشەن يولى كوچا باشقارمىسى دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش ئاساسىدا، ئۆگىنىش مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىشلىرى بىلىملىرى، پارتىيە نىزامى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە زېھىن سىناشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى «جانلاندۇردى».

**■ دىققەتنى مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي تۈزىتىش**

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قاراماي شەھىرى ئاممىنىڭ جىددىي، قىيىن، غەم قىلىۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلىرىنى پۇختا ھەل قىلدى، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار، ئاساسىي قاتلامدىكى ھەرقايسى مەھەللە(كەنت)، خىزمەت پونكىتى ـ نۇقتىسى، كەسىپ ساھەسى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، باشلامچى بولۇپ تۈزىتىشنى تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا «8+2» مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايون بېكىتكەن «1+3+3» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى ياخشى بېجىرىپ، ئامما ئىنكاس قىلغان بىر تۈركۈم قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

ئورقۇ رايونلۇق پارتكوم بەنزىسى مەسىلىگە تەتبىقلاپ ئۆگىنىپ، مەسىلىگە تەتبىقلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى يۈزلىنىشىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلدى. ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا ساقلانغان كۆتۈۋېلىش ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىق، ھاجەتخانا تېپىش قىيىن بولۇش، ساياھەت كۆرسەتمە تاختىسى ئېنىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ساياھەت ياندىشى ئەسلىھە قۇرۇلۇشىدىكى كەمتۈكلۈكنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تولۇقلىدى؛ مەنزىرە ساياھىتى، سودا ساياھىتى، يېزا ـ كەنت ساياھىتى، بىڭتۇەن ـ يەرلىك ساياھەت بايلىقلىرىنى پائال بىرىكتۈرۈپ، 3000 مو يەرگە ئالاھىدە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى تېرىپ، يۇلۇڭ مەيدانى سودا ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىنى جانلاندۇرۇپ، سەككىز ئات خاس مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كوچىسى قۇردى؛ ساياھەت ھاجەتخانىسى ۋە ساياھەت يېتەكلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى؛ توغراقلىق مەنزىرە رايونى، دالىدا ئاپتوموبىلدا قونۇش لاگېرى، ئورقۇ بازىرى 100 يۈرۈش خاس پۇقراۋى قونالغۇ قاتارلىق تۈر پىلانلىرىنى قوزغىتىپ، پۈتۈن رايون بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، پۈتۈن مەنزىرىنى قاپلىغان، پۈتۈن ۋەزىيەت بويىچە بىرلىشىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن، پۈتۈن كەسىپ يۇغۇرۇلغان، ئومۇمىي خەلق قاتناشقان ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەندىزىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ئېكولوگىيە ساياھىتى يېڭى رايونى قۇرۇپ، مۇقىملىقنىڭ پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

جەرەنبۇلاق رايونى(قاراماي يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا رايونى) جۇڭشىڭ يولى كوچا باشقارمىسى بېيپو مەھەللىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەشۋىقاتىنىڭ ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئىدىيەۋى تەربىيە، كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەردى. باش تېما تەربىيەسىدە بېيپو مەھەللىسىدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇدىن ئىبارەت تۆت مىللەت بىرلىكتە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەدەنىيەت تېمىسى بەرپا قىلىپ، پارتىيە تارىخى ۋە يېڭى جۇڭگو تارىخى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنى باش تېما تەربىيەسى بىلەن ئورگانىك يۇغۇرۇپ، مەھەللىدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ـ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

### ئاپتونوم رايون قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە 2 ـ قېتىملىق ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

# چوڭقۇر قېزىش، تۈزەشتە چىڭ تۇرۇش ئۇزاق ئۈنۈملۈك دائىملىق تۈزەشكە تۈرتكە بولۇش قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ يېڭى نەتىجىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە 2 ـ قېتىملىق ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: سىياسىي يۇكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، چوڭقۇر قېزىش، تۈزەش سالمىقىنى زورايتىپ، چوڭقۇر زەربە بېرىش، ئۈزۈل ـ كېسىل زەربە بېرىش، رەزىللىكنى تولۇق تۈگىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، مەخسۇس كۈرەشتە ئۈزلۈكسىز يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش، يېڭى نەتىجىلەرنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: خىزمەت يۆنىلىشىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىگىلەپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق رايون، كەسىپ، ساھەنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق ئېغىر، زور دېلولارنى قويۇۋەتمەي چىڭ كۆزلەپ، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» «مۇناسىۋەت تورى»نى قويۇۋەتمەي چىڭ كۆزلەپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى قويۇۋەتمەي چىڭ كۆزلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى، سىجىل چوڭقۇر قېزىش، تەلتۆكۈس تەكشۈرۈشنى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاشنى، ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قانۇنچىللىق ئارقىلىق يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىنتىزام ئىجراسى مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قاتتىق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان قوشۇن يېتىشتۈرۈپ، تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىرادە، تېخىمۇ قاتتىق ئىستىل، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق چوڭقۇر قېزىش، تۈزەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك دائىملىق تۈزەش نىشانىغا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى كەسىپ ھالىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئالاقە تورى تېخىمۇ كۈچلۈك تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ۋە تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئېرىشتى. ئالاقە تورىنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياخشى قوللىنىپ، ياخشى باشقۇرۇپ، ئالاقە تورى ئارقىلىق ئىنسانلارغا تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. ھەرقايسى دۆلەتلەر دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن تەرەققىيات مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا ئورتاق يۈزلىنىپ، تور بوشلۇقىنى يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ تور بوشلۇقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

# ئۈرۈمچى شەھىرى يىل ئىچىدە 91 مىڭ ئائىلىلىك كونا ئۆينى ئۇنىۋېرسال ئۆزگەرتىشنى تاماملايدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھىرى كونا شەھەر رايونى(كەپىلىك مەھەللە)نىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى قۇرۇلۇش باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ شىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ كونا شەھەر رايونى(كەپىلىك مەھەللە)نى ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا قۇلاق سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، ئالدىنقى مەزگىلدە زور مىقداردا زىيارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كونا ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلىرى قاراتمىلىق ھەل قىلىندى، ئىلگىرىكى كۆچۈرۈپ ـ چېقىپ ئۆزگەرتىش 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا سېلىنغان ئۆيلەر ھەم مۈلۈك باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق كونا ئولتۇراق رايونلارغا قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرتىلدى.

ۋاڭ خۇڭبىڭ تۇرىدىغان مۇزېي ئولتۇراق رايونى 1980 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئەڭ كىچىك ئۆي شەكلى 41 كۋادرات مېتىر، ئەڭ چوڭ ئۆي شەكلى 60 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئەڭ كىچىك تازىلىق ئۆيى ئاران 1.08 كۋادرات مېتىر ئىدى، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن سولياۋ پولات بىلەن ئايرىپ 2.64 كۋادرات مېترغا يەتكۈزۈلۈپ، ئىلگىرى بىرلا ئادەم ئاران سىغىدىغان ھاجەتخانا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن يۇيۇنۇش، كىر يۇيۇش، يۈز يۇيۇشنىڭ ھەممىسىنى بىمالال قىلغىلى بولىدىغان بولدى.

ئۈرۈمچى ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى خېڭشىن خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى چېن يۈبىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ گۇرۇھ مەسئۇل بولغان 2019 ـ يىللىق كاپالەت خاراكتېرلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىدىكى كونا ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تۈرى 67 ئولتۇراق رايوندىكى 8773 ئائىلىگە چېتىلىدۇ، ئاھالىلەر ئۆيىنىڭ ئاشخانا، تازىلىق ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتكەندىن سىرت، يەنە ئاھالىلەرنىڭ تۇرۇبا سۈيى يولى، يۇندى يولى تورى سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى، ئالماشتۇرۇلدى، توك سىمى ئەسلىدىكى ئاليۇمىن ئۆزەكلىك سىمدىن مىس ئۆزەكلىك سىمغا ئالماشتۇرۇلۇپ، ئاھالىلەرنىڭ توك ئىشلىتىش ئېھتىياجى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇلدى. ئۆي سىرتىدا، غول لىنىيە يەرگە كۆمۈلۈپ، يەنە كۆكەرتىش بەلبېغى ئۆزگەرتىلىپ، ئولتۇراق رايوننىڭ مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى.